# ئىزدىنىش

(تاللانما)

8
1996

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1996-يىل 8-سان

(ئومۇمىي 98-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 11-، 12-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

## مۇندەرىجە


مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى ئاتاغلىق نەزەرىيىچى ۋە كارامەت رەھبەر
—يولداش لى ۋېيخەننىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ........................................ ۋاڭ جاۋگو (2)

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقايلى
—يولداش جياڭ زېمىننىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ........................................ شياۋ ياڭ (16)

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلايلى ........................ شۇ خۇەيدې (28)

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر ........................ يۈەن مۇ (37)


★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11—2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىك سەپ ساھەسىدىكى ئاتاغلىق نەزەرىيىچى ۋە كارامەت رەھبەر

## — يولداش لى ۋېيخەننىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

ۋاڭ جاۋگو

بۇ يىل 6-ئاينىڭ 2-كۈنى پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋەتلىك پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى يولداش لى ۋېيخەننىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل توشقان خاتىرە كۈنى. يولداش لى ۋېيخەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن كوممۇنىزم جەڭچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى ۋە مىللىي، دىنىي خىزمەت ساھەلىرىدىكى ئاتاغلىق نەزەرىيىچىسى ۋە كارامەت رەھبىرى.

يولداش لى ۋېيخەن ياش ۋاقتىدىلا ئىنقىلابقا قاتناشقان بولۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ، سەي خېسېنلار-نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ھەمدە پارتىيە ئىچىدە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بىرىنچى قېتىملىق بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلغان ۋە نەنچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش قارار قىلىنغان، يولداش لى ۋېيخەن ۋاقىتلىق مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ بىرى بولغان. ئاتاغلىق "7-ئاۋغۇست" يىغىنىدا لى ۋېيخەن يىغىننىڭ رەئىسى بولغان. يىغىندا بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇب بولغانلىقىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى يەكۈنلىنىپ، چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل تەسلىمچىلىكىنىڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل-كېسىل ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قوراللىق قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت باش فاڭجېن تىكلەنگەن، ھەمدە دېھقانلارنى كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى كۆتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش پارتىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش لى ۋېيخەن ئاساسلىقى مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە مەركىزىي مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى

ۋە مىللىي، دىنىي خىزمەتلەرنى ئۇزاق مۇددەت باشقۇرغان. يولداش لى ۋېيخەن نەچچە ئون يىل داۋام قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ھاياتىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە جۇڭگو بىرلىك سېپىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە ئىززىتىگە ئېرىشتى.

**1. دۆلەتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە تەتبىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان**

يولداش لى ۋېيخەن 1948-يىلدىن تارتىپ 1964-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادىي ھالدا ئۆگىنىپ ۋە تەتبىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەت پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشتە توپلىغان مول تەجرىبىلىرىگە، ئىنتايىن يۇقىرى بولغان نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىگە، شۇنداقلا ئەمەلىي ئەھۋاللار ئۈستىدىكى چوڭقۇر تەكشۈرۈشكە تايىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە پىششىق ئويلىنىپ، مەركىزىي كومىتېتقا مۇھىم تەكلىپلەرنى ئاكتىپ ئوتتۇرىغا قويغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ تەكلىپلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە قوبۇل قىلغان.

1953-يىلى، مەملىكىتىمىزدە ئۈچ يىل داۋام قىلغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى ئاخىرلىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلابتىن قېپقالغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغانىدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، سانائەتلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىگە، قول سانائەتكە، كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئىشلىرىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا بۇرۇلۇشنى باسقۇچلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانىدى. شۇ يىلى باھاردا يولداش لى ۋېيخەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ۋۇخەن، نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دۆلەت كاپىتالىزمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يولداش لى ۋېيخەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭغا «كاپىتالىستىك سانائەتتە دۆلەت بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى» دېگەن دوكلاتنى سۇندى. ئۇ دوكلاتىدا: دۆلەت كاپىتالىزمى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالىي شەكلى — دۆلەت بىلەن شەخسلەرنىڭ شېرىكچىلىكى ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدىكى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە قارىتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش ۋە تىنچ يول بىلەن سىڭىشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش يولىغا قويۇپ، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى پەيدىنپەي تاماملاش كېرەك، دەپ ئېنىق تەكلىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت كاپىتالىزمى — «بىزنىڭ سانائەت كاپىتالىزمىدىن پايدىلىنىشىمىز ۋە ئۇنى چەكلىشىمىزدىكى ئاساسىي شەكىل، بىزنىڭ كاپىتالىستىك سانائەتنى دۆلەت پىلانى يولىغا پەيدىنپەي كىرگۈزۈشىمىزدىكى ئاساسىي شەكىل، بىزنىڭ كاپىتالىستىك سانائەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى پەيدىنپەي سوتسىيالىزمغا ئۆتكۈزۈشىمىزدىكى ئاساسىي شەكىل، بىزنىڭ كاپىتالىستىك سانائەتتىن پايدىلىنىپ كادىرلارنى تەربىيىلەش ھەمدە بۇرژۇئازلارنى ئۆزگەرتىشىمىزنىڭ ئاساسىي ھالقىسى، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭمۇ ئاساسىي ھالقىسى. مۇشۇ ئاساسىي شەكىل ۋە ئاساسىي ھالقىنى تۇتۇۋالغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، سىياسىي جەھەتتىمۇ كاپىتالىزمنىڭ ۋە بۇرژۇئازلارنىڭ باشقا قىسىملىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.»

يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلاتنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، يولداش لى ۋېيخەنگە ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپ، دوكلاتنى سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشنى قارار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ قويدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى چاقىرغان ئىككى قېتىملىق كېڭەيتىلـگەن يىغىندا ماۋ زېدۇڭ، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار مۇھىم سۆز قىلىپ، بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. يولداش جۇ ئېنلەي ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىمۇ خۇسۇسىي كاپىتالىزمغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنىڭ فاڭجېن ۋە يولىنى ئىزدەپ تېپىۋاتقانلىقىنى، يولداش لى ۋېيخەننىڭ دوكلاتى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. 6-ئاينىڭ 15-كۈنى سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇزاكىرىسىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كاپىتالىزمى ئارقىلىق كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يولى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بېتەكچى فاڭجېنىدا ئۇچۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. يولداش لى ۋېيخەن بۇ فاڭجېننى تۈزۈش جەريانىدا زور تۆھپە قوشتى.

كاپىتالىستىك مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىشنى پىلانلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى، ھەمدە مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنى مۇشۇ خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. يولداش لى ۋېيخەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەركىزىي مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋە گوۋۇيۈەن 8-ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ، يولداش جۇ ئېنلەيگە، يولداش چېن يۈنگە ياردەملىشىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى باشقۇرۇپ، كاپىتالىستىك كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش بىلەن بۇرژۇئازلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت قوش ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تازا ئۈنۈملۈك خىزمەت-

---

لەرنى ئىشلىدى. كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، يولداش لى ۋېيخەن، كارخانا بىلەن ئادەملىرى كاپىتالىزم بىرگە قالدۇرغان ئىككى تۇرلۇك بايلىقتۇر، كارخانىلارنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ سوتسىيالىستىك كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى مىللىي بۇرژۇئازلارنىمۇ پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ قارىدى. بۇ "قوش ئۆزگەرتىش" دەپ ئاتالغان فاڭجېن ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ كاپىتالىستىك مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم تۇرتكىلىك رول ئويناپلا قالماي، بەلكى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنى قولغا كەلتۇرۇپ ۋە ئۆز ئەتراپىمىزغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىپ، ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى، تەجرىبىلىرىنى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىش ئىمكانىيەتىگە ئىگە قىلدى. ئاتاغلىق دېموكراتىك ئەرباب خۇاڭ يەنپېي پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش فاڭجېنىنى بىزنى "ئورتاق نىشانغا يېتەكلەپ، گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدىغان فاڭجېن" دەپ ماختىدى.

1956-يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۇلۇكچىلىكتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، يولداش لى ۋېيخەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا سوتسىيالىستىك شۆيۈەن، سىياسىي مەكتەپ ۋە سودا-سانائەت لېكسىيە سىنىپى قۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى پارتىيىسىز زاتلارنى تەشكىللەپ ئوقۇتۇشقا كىرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى ۋە خىزمەت ئىلغارلىرىنى تەقدىرلەش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، بۇ، دۆلىتىمىزنى مۇستەھكەملەشتە ۋە بىرلىك سەپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

1957-يىلدىن كېيىن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنىدا "سول"چىللىق خاتالىقى كۆرۈلدى، بولۇپمۇ ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكى ۋە پارتىيە ئىچىدە "ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش" ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغانلىقى ئارقىسىدا، سودا-سانائەت ساھەسىدىكى، زىيالىيلار ساھەسىدىكى ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىدىيە جەھەتتە خېلىلا جىددىيلىشىپ قالدى، تەنقىد قىلىنىشتىن، كۈرەشكە تارتىلىشتىن قورقۇپ، راس گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، كۆڭلى ئازادە بولمىدى. يولداش لى ۋېيخەن دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئىچىدە، سودا-سانائەت ساھەسىدە "ئەۋلىيالار يىغىنى" ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، "ئۆزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئۆزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش" فاڭجېنىنى ۋە "كالتەكلىمەسلىك، قالپاق كىيگۈزمەسلىك، قامچىلىماسلىق"تىن ئىبارەت "ئۈچنى قىلماسلىق"نى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئاشكارا قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىنى چىڭىتىشىغا ئىلھام بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ تەكلىپكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يولداش ماۋ زېدۇڭ قوشۇلدى. كېيىنكى پاكىتلار يولداش لى ۋېيخەن تەشەببۇس قىلغان ”ئەۋلىيالار يىغىنى“نىڭ غۇر-غۇر شامال، سىم-سىم يامغۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر خىل ياخشى شەكلى، شۇنداقلا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە سودا-سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشنى يولغا قويۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قاتلاممۇقاتلام ”ئەۋلىيالار يىغىنى“ چاقىرىش ئارقىلىق، پارتىيىسىز زاتلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، پارتىيىنىڭ سودا-سانائەت ساھەسىدىكىلەر، زىيالىيلار ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن بولغان جەددىي مۇناسىۋىتى پەسەيتىلدى، بىرلىك سەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىسىز زاتلار دۆلەت ئۆچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە بىلەن قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىللە ئۆتتى.

**2. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىدىكى پرىنسىپلارنى قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، سىياسەتكە دائىر توغرا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ تەكلىپلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن**

يولداش لى ۋېيخەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ھەمىشە تارىخ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى كۆرۈشى ئۈچۈن ئاساس تېپىپ بېرىپ، ماركسىزمچىغا خاس نەزەرىيىۋى جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش لى ۋېيخەننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان دانا تەدبىر ئىدى. 1949-يىلى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە يولداش لى ۋېيخەندىن پىكىر سورىغانىدى. يولداش لى ۋېيخەن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغانلىق ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇلاھىزە ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى دەلىللىدى، شۇنىڭغا ئاساسەن دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ۋە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك

دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى مۇنداق: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، رۇس مىللىتى تىپىك ئەزگۈچى مىللەت ئىدى، مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقلىرى ئوخشاشلا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى، ھەممىسى ئېزىلگۈچى مىللەت ئىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەملىكىتىمىزدە بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاھالىسى 5 پىرسەنت ئەتراپىدىلا ئىدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئالاقىسى زىچ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپىنچە خەنزۇلار ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى ئامالسىزلىقىدىن بولغان، روسىيە فېۋرال ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، نۇرغۇن مىللەتلەر ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەنىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. مەملىكىتىمىزدە بولسا، ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ ئىنقىلاب ئېلىپ باردى، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇردى، بۇ جەرياندا مىللىي بۆلۈنۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەكلىپكە تېزلا قوشۇلدى، دېمەك مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەنىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش لى ۋېيخەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى تەييارلاش ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. كېيىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەر قېتىملىق ئاساسىي قانۇنغا روشەن كىرگۈزۈلۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى ۋە تۈپ تۈزۈمى بولۇپ قالدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى پاكىتلار بارغانسېرى شۇنى ئوچۇق ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولىدۇ، شۇڭا ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ، ۋەتەندىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق دۆلەت تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. يولداش لى ۋېيخەننىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشلىرىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسى مەڭگۈ ئەسلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

يولداش لى ۋېيخەن ئىزچىل تۇردە: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ھالقىسى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى، دەپ تەكىتلىگەنىدى. يولداش لى ۋېيخەن پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئاساس سالغۇچى. يەنئەندىكى ۋاقىتتا، يولداش لى ۋېيخەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى خىزمىتىنى باشقۇرۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

مەزگىلدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر سىنىپى ۋە خىزىۇلار سىنىپى ئاچقانىدى. كېيىن ئۇ شىمالىي شەنشى ھۆكۈمەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان ۋاقتىدا يەنە مەكتەپتە مىللىي بۆلۈم تەسىس قىلدى، كېيىن مۇشۇ ئاساستا مەملىكىتىمىزدە مەخسۇس مىللىي كادىرلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مىللەتلەر شۆيۈەنى قۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىدا، يولداش لى ۋېيخەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھەسى» ۋە «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنى قۇرۇش ئىشىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھەسى»نى ئۆزى تەييارلاپ، ”ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھەم كۆپلەپ تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش“ فاڭجېنىنى ۋە ”ئادەتتىكى سىياسىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي ۋە تېخنىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشنى قوشۇمچە قىلىش“ توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئىككى لايىھە يولداش جۇ ئېنلەي ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان ھۆكۈمەت ئىشلىرى يىغىنىدا ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئارقىمۇئارقا ئون مىللىي شۆيۈەن قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ئالاقىدار ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لاردا ھەر دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار مەكتىپى ۋە كۆپلىگەن مىللىي كادىرلار كۇرسى ئېچىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زور بىر تۈركۈم پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك كادىرلار پىلانلىق ھالدا تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بۇ ئىككى لايىھەنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى ئىجادىيەت بولدى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا، مىللىي جايلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

يولداش لى ۋېيخەننىڭ مىللىي نەزەرىيە جەھەتتىكى تۆھپىسى ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىدىكى مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكى، ئىسلاھاتنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت شەرت-شارائىتىغا مۇۋاپىق كېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى باياناتلىرىدىمۇ ئىپادىلەندى. 1953-يىلى، يولداش لى ۋېيخەن ئەھۋالى باشقىچە بولغان بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا تىنچ يول بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، مىللىي مۇناسىۋەتى مۇرەككەپ، چېگرا رايونلارغا جايلاشقان، بىر قىسىم يۇقىرى قاتلاملىق زاتلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەردە ئاممىا بىلەن خېلى قويۇق ئالاقىسى بار، بەزىلىرىنىڭ تېخى ۋەتەننى سۆيۈش تەرىپىمۇ بار، بۇ رايونلاردا تىنچ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق،

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلاملىق زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئۇلارنى تەربىيە بېرىپ قايىل قىلىش ۋە سېتىۋېلىش ئىسلاھاتىنىڭ توسالغۇسىنى ئازايتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئاز ساندىكى توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭ ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي تىنچلاندۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ فاڭجېن شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە يۈننەننىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شىزاڭ رايونىدا توپىلاڭنى قەتئىي تىنچلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىكى توپىلاڭغا قاتناشمىغان يۇقىرى قاتلاملىق زاتلارنى تىنچ سېتىۋېلىش يولى تۇتۇلۇپ، ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

زاڭزۇ مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان چوڭ ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى، شىزاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. يولداش لى ۋېيخەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. 1951-يىل 4-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، يولداش لى ۋېيخەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق باش ۋەكىلى بولۇپ، شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن شىزاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. يولداش لى ۋېيخەننىڭ سۆھبەت جەريانىدا كۆپلىگەن ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى ئارقىسىدا، 17 ماددىلىق «شىزاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» تەنتەنىلىك رەۋىشتە ئىمزالاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىزاڭ مىللىتى جاھانگىرلىك-نىڭ قۇل قىلىشىدىن ۋە ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، ئۆز تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت پارلاق داغدام يولدا ماڭدى. تارىخ ئىسپاتلى-دىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىزاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرى شىزاڭنىڭ تارىخىغا ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كەلدى، شىزاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ۋەتەن خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلدى. يولدش لى ۋېيخەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭ تاپشۇرغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە سۆھبەت ۋەزىپىسىنى كارامەت ئورۇنداپ، ۋەتەننىڭ چوڭ قۇرۇلۇقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداشقا تۆھپە قوشتى.

**3. يۇكسەك ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى بىلىمگە ۋە يۇكسەك سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتقان، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سەپ جەھەتتىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيە غەزىنىسىنى بېيىتقان**

يولداش لى ۋېيخەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان

بولۇپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلات، تەشۋىقات، تەلىم-تەربىيە، ئىشچىلار ھەرىكىتى، دېھقانلار ھەرىكىتى، ئاممىۋى خىزمەت، بىرلىك سەپ، مىللىي ئىشلار، دىنىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە مول تەجرىبىگە ئىگە. بولۇپمۇ مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئون نەچچە يىل ئىچىدە، بىرلىك سەپ خىزمىتى ۋە مىللىي، دىنىي خىزمەتلەردە ئىجادىي ھالدا سىياسەتكە دائىر بىر قاتار مۇھىم تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەمدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۇنىڭ يۈكسەك ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى بىلىمگە ۋە يۈكسەك سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە بولغانلىقى، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولغانلىقى، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقانلىقىدىن بولغان. ئۇ كۈندىلىك ئېغىر خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىرگە، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىك سېپىگە، مىللىي، دىنىي مەسىلىلىرىگە دائىر بولغان بىر قاتار ئەسەرلەرنىمۇ يازدى. مەسىلەن «بىرلىك سەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىر ئەڭگۈشتىرى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسەتلىرى»، «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى دەۋرىدە پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەش»، «جۇڭگو خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىك سېپىنىڭ خۇسۇسىيىتى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى»، «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىدىكى مىللىي مەسىلە»، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق يولى»، «مىللىي خىزمەتتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» قاتارلىق مۇھىم ماقالىلىرىدە، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سېپى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي، دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم سىياسەتلەر ئىلمىي ئاساستا شەرھىلىنىپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلغان. بۇ ئەسەرلەردە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى-نىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سېپى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى، دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى يېڭى تەجرىبىلىرى ماركسىزملىق نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سەپ نەزەرىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىك سېپى تېز راۋاجلىنىپ، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، كەڭ مۇھاجىرلار، ھەرقايسى ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىك سەپكە قاتناشتى. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئوچۇق خىتاپنامە ئېلان قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، يېڭى دېموكراتىزم ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، ئورتاق پروگراممىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

ھەمدە دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. قانداق قىلىپ يېڭى ۋەزىيەتتە توغرا سىياسەتنى يولغا قويۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شۇ چاغدا پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەم تۇتۇش-تۇتالماسلىقىغا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش-مۇستەھكەملىيەلمەسلىكىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش-كۈچەيتەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە ئىدى. بىراق، شۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدىكى بەزى يولداشلارنىڭ ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بىرلىك سەپ دېگەن ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالدى، ئەمدى بىرلىك سەپ سىياسىتى ئىجرا قىلىنمايدۇ دېگەن قاراشلار بار ئىدى.

مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش لى ۋېيخەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە دۆلەتنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا خەلق بىرلىك سېپىنىڭ يېڭى تۈزۈلۈشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى خۇلاسىلىنىپ، بىرلىك سەپ دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەر تەھلىل قىلىندى. يولداش لى ۋېيخەن 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىك سېپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ۋەزىپىسى» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، خەلق بىرلىك سېپىنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى ھەم فېئودالىزم ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىزمغا كىرىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاش نىشان قىلىنغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى، بىز بىلەن ھەمكارلىشالايدىغان كىشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى پۈتتىلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش لى ۋېيخەن بۇرژۇئازىيىنى مۇددەتتىن بۇرۇن يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان "سول"چىل ئىدىيىگە قارىتىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيىگە قاراتقان ئاساسىي فاڭجېنىنى بايان قىلدى. ئۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، مىللىي بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتى مۇھىم ھەم زۆرۈر؛ بىزنىڭ ئاساسىي سىياسىتىمىز ئورتاق پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئاساسىدا، ھەم ئىتتىپاقلىشىش ھەم كۈرەش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىشنى ئاساس قىلىش، كۈرەش قىلىشتىن مەقسەت ئىتتىپاقلىشىش دەپ كۆرسەتتى. يولداش لى ۋېيخەن يەنە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى شەرھلەپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيە، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئالاقىسى ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرى بارلىقىنى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئۇلار ئارقىلىق بۇ سىنىپلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتچىلىرىنى مۇۋاپىق

ئۇيۇشتۇرساق، پارتىيىمىز ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بۇ سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە تەلىپىنى چۈشىنىشكە، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا ھەم ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش يۈزىسىدىن زۆرۈر خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مەركەز يولداش لى ۋېيخەننىڭ دوكلاتىنى تەستىقلىدى، بۇ دوكلات يېڭى جۇڭگونىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ قالدى.

يولداش لى ۋېيخەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىشتىمۇ مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇشى، ئۆزئارا نازارەت قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى فاڭجېنىغا ئاساسەن، دۆلىتىمىزدىكى بارلىق دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇن جەھەتتە تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقىنى، بىزنىڭ بۇنداق ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق-مەجبۇرىيەت دائىرىسى ئىچىدە سىياسىي جەھەتتە ئەركىنلىككە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە مۇستەقىللىككە ئىگە بولۇشىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىملىقىنى شەرھلىدى. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتىكى، كومپارتىيە بىلەن دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا سىياسىي جەھەتتە رەھبەرلىك قىلغۇچى بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بار، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنە باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دوست پارتىيىلىك مۇناسىۋەتتۇر؛ پارتىيە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارغا سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشتا، بىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىمىز ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئارقىلىق، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئۆزىنىڭ سىياسىي ھەرىكىتىنى بەلگىلەيدىغان قىلىش لازىم. ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، يولداش لى ۋېيخەن پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش فاڭجېنىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، دۆلىتىمىزدە بىرلىك سەپنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە پارتىيىسىز زاتلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.

دىنىي خىزمەت جەھەتتە، يولداش لى ۋېيخەن ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، جۇڭگودىكى دىنلارنىڭ بەش خۇسۇسىيىتى (ئاممىۋىلىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، خەلقئارالىقى، مۇرەككەپلىكى، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە يەنە مىللىي خاراكتېرى بارلىقى)نى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە شەرھلىدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. يولداش لى ۋېيخەن دۆلىتىمىزدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە قارىتا تولۇق چۈشەندۈرۈش بەردى. ئۇ مۇنداق

دەپ ھېسابلىدى: ھەربىر پۇقرادا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ بىر دىن ئىچىدە، بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلمىغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ، ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ. بۇ ئاساسىي روھ كېيىن ئاساسىي قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا كىرگۈزۈلدى. 1958-يىلى، يولداش لى ۋېيخەن ئىسلام دىنىدا فېئودال-لىق زۇلۇم تۈزۈمىنىڭ يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە خۇيزۇلار ئاممىسىنىڭ ئېغىر دىنىي يۈكىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، دىنىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مەركەز ئۇنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، ماھىيەتتە دىنىي تۈزۈمنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن لايىقلاشتۇرۇش كېرەك دېگەن زور مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ بايانلار ھازىرمۇ يەنىلا چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش لى ۋېيخەن خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ يول ئاچقۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ بىرىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتىدا قوشۇمچە باش كاتىپ بولغان، ئىككىنچى، ئۈچىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتلىرىدا قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن نۇرغۇن ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىپ، نۇرغۇن مۇھىم ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ، بىر يۈرۈش ياخشى تەجرىبە ۋە ئۇسلۇبلارنى يارىتىپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالغان. ئۇنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ھەر دەرىجىلىك كېڭەش كومىتېتلىرى بىرلىك سەپ ئاساسىدىكى سىياسىي مەسلىھەت تەشكىلاتى، بىرلىك سەپنىڭ مەركىزىي ھالقىلىرىدىن بىرى؛ ئۇ ھاكىمىيەت خاراكتېرىدىكى ئورگان ئەمەس، دېمەك ئۇ ھۆكۈمەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئورگانمۇ ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ قارىمىقىدىكى ئورگانمۇ ئەمەس؛ ئۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسلىھەت-تەكلىپ بېرىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق بىلەن ئالاقە باغلىشىغا ياردەملىشىش، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى بولماستىن، مەسلىھەتلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. يولداش لى ۋېيخەن يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، باشتىن ئاخىر مۇنداق بىر ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىنى يەنى سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش روھىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇ مۇنداق قارىدى: سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلە-شىش دۆلىتىمىزدە خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ياخشى يېرى ھەم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

ئەڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرىش، ھەم ئاز سانلىقلار ئورنىدا تۇرغان خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىش، ۋەھالەنكى بۇ بىر قىسىم خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈر كاپالىتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزئارا نازارەت قىلىشنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش لازىم. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ھەر خىل ئاپپاراتلىرى ۋە ھەر خىل يىغىنلىرىدا ھەر تەرەپنىڭ پىكرىنى تولۇق ئىنكاس قىلىپ، ئەركىن مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە تەنقىدلەرنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالايدىغان دېموكراتىك ھاۋانى تەشەببۇس قىلىش لازىم، چۈنكى پارتىيىسىز زاتلار كۆپ چاغلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە نۇرغۇن سەممىي تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بېرەلەيدۇ، بەرگەن پىكىر قارشى پىكىر بولغان تەقدىردىمۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىشىنى، كاللىنى سەگەك تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ خىزمىتىدە مەيلى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتە بولسۇن يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. بىراق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلەيدىغان بولساق، يولداش لى ۋېيخەننىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە قوشقان تۆھپىسى ھەم ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى كىشىلەرگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

1979-يىل 3-ئاينىڭ 16-كۈنى، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى چاقىرغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىندا، يولداش لى ۋېيخەن بىرىنچى قېتىم: "بىرلىك سەپ خىزمىتى پارتىيە-گۇرۇھلار خىزمىتى، مىللىي خىزمەت، دىنىي خىزمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بىر پەن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسى، ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ كۆپچىلىكنى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىشقا، يېڭى نەرسىلەرنى بايقاشقا، ئىجادىيەت يارىتىشقا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىردى. 1983-يىل 4-ئايدا، ئۇ مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق بىرلىك سەپ نەزەرىيىسى سۆھبەت يىغىنى چاقىرغانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ چاغدا ئۇ 86 ياشقا كىرگەن، تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزى تىرىشىپ يېزىپ، يىغىنغا بېرىپ ئۈچ سائەتلىك نەزەرىيە دوكلاتى بەردى. ئۇ بىرلىك سەپنىڭ بىر خىل پەن ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا شەرھلەپ، جۇڭگوچە بىرلىك سەپنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى يەكۈنلىدى.

يولداش لى ۋېيخەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى جۇڭگو بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان نۇرغۇن پارلاق ئەسەرلەر ھازىرمۇ بىزنىڭ قىممەتلىك نەزەرىيە بايلىقىمىز. ئۇ تەشەببۇس قىلغان نۇرغۇن ئېسىل ئىستىل ۋە پۇختا ئىزدىنىش روھى ھازىرمۇ

مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلماقتا. ئۇنىڭ پارلاق ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ياد ئەتكىنىمىزدە، بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە سېغىنىشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. ئۇ كۈچلۈك پارتىيىۋىلىككە ۋە ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە بولۇپ، پارتىيىگە، ئىنقىلابقا چەكسىز سادىق ئىدى، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى. ئۇ ئىنقىلابىي خىزمەتكە ئىزچىل تۈردە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايتتى. ئۇ قارنى-كۆكسى كەڭ، ئوچۇق-ئاشكارا ئادەم بولۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشقا جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئابرويى يۇقىرى بولسىمۇ، خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ مەغرۇرلانمايتتى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا، ئوغۇل-قىزلىرىغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايتتى، بولۇپمۇ كەڭ پارتىيىسىز زاتلاردىن دوست تۇتۇشقا، چىن دوست تۇتۇشقا ماھىر ئىدى، نۇرغۇن پارتىيىسىز زاتلار ئۇنى ئىنتايىن ياد ئېتىدۇ، ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. يولداش لى ۋېيخەننىڭ ئەسلىمىسىنى ئوقۇغانلار ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىدا چىڭ تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۇ ئەسلىمىسىدە ئۆز ھەرىكىتىنى ئاساسىي لىنىيە ئورنىدا يازماي، مۇھىم نۇقتىنى پارتىيىنىڭ شۇ چاغدىكى كوللېكتىپ ھەرىكىتىنى يېزىش، پارتىيە خىزمىتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ھەمدە ئۆزىنى قايتىدىن بىلىشكە قويىدى، ئۆزىنىڭ تارىختىكى يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقىنى يوشۇرمىدى ۋە ئۇنىڭدىن قاچمىدى، پۈتۈن ئەسىرى تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد روھىغا تولغانىدى. ئۇ ئېلان قىلغان ئەسلىمە پارتىيىدىكىلەرنىڭ ۋە تارىخچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۈلگە دەپ قارالغان.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇۋاتقان نۆۋەتتىكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش لى ۋېيخەننىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس ئالىيجاناب پەزىلىتى بىرلىك سەپ خىزمەتچىلىرىنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدىكى ياخشى ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىدە ئۇزاقتىن بۇيان جۇغلانغان تەجرىبىلەرنى قوللىنىپ، بىرلىك سەپنىڭ ئامما بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاش ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىمىزدە تىرىشىپ يېڭى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقايلى

## —يولداش جياڭ زېمىننىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**شياڭ ياڭ**

سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي فاڭجېنى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش بىر تۈرلۈك ئاساسىي فاڭجېن سۈپىتىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»غا ئېنىق قىلىپ كىرگۈزۈلدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

# 1. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم فاڭجېنىدۇر

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، يىغىنچاق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قەدەممۇقەدەم قانۇنچىلىق يولىغا سېلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى قانۇنلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىك؛ كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇشقا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش دېگەنلىك؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشى، قانۇنلىشىشىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر." يولداش جياڭ زېمىن بۇ سۆزىدە، بىر تەرەپتىن پارتىيىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي فاڭجېنىنى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ، سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ، "قانۇنچىلىق"نىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساسىي مەنىسىنى كونكرېت بايان قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىللىدى ۋە شەرھلىدى.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش — ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇكەممەل بىر دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىدۇر. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ماھىيىتى دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى نوپۇزىنى قەدىرلەيدىغانلىقىدا. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەتنى تۇتۇش ئۇسۇلىدىكى زور تەرەققىيات، شۇنداقلا ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش—قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان سىياسىي نىشان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: بىرىنچى، قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى قاتتىق قانۇنىي تەرتىپ بويىچە قانۇن بەلگىلەش ھەمدە مۇكەممەل قانۇن تۈزۈملىرى سىستېمىسى-

www.uyghurkitap.com

نى شەكىللەندۈرۈش. قانۇنلارنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئەڭ ئاساسلىقى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى خىزمەتچىلەر قەتئىي قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشى، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇننىڭ سۈرى ۋە نوپۇزىنى قەتئىي قوغدىشى، قانۇننىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىردەك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، قانۇنغا جەزمەن ئەمەل قىلىش، قانۇننى جەزمەن قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. تۆتىنچى، بارلىق پۇقرالار ئوبدان قانۇن ئېڭىغا ۋە قانۇن ساپاسىغا ئىگە بولۇشى، قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش پۈتكۈل جەمئىيەتتە ياخشى كەيپىياتقا ئايلىنىشى، كەڭ پۇقرالار ئاڭلىق ھالدا قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشە-يەلەيدىغان، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قانلىق كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئەگرى-توقاي تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىسى. جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ 21-ئەسىرگە قاراپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نۇرلۇق بايراق بولۇپ قالدى.

## 2. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى

يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىمىزنىڭ مۇقەررەر تەلىپى“؛ ”بىر قەدەر پىشقان بازار ئىگىلىكى مۇقەررەر ھالدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان قانۇن-تۈزۈمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە بۇنداق قانۇن-تۈزۈمنى ھازىرلايدۇ.“ بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ روھىي ماھىيىتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى: قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنى قىلىشىمىزدىكى سەۋەب،

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ۋاستىچىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى ئورنىنى ئېلىپ بولالمايدىغان ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شارائىتى ئاستىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىي تەلىپىگە تولۇق ماسلىشالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى قەدىمكى دەۋردىلا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشقا، تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدىكى، قانۇنچىلىقنىڭ ئۆزى مۇقىملىق، ئىزچىللىق، ئىلمىيلىك، نوپۇزلۇق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. تارىخىي تەجرىبىلەر تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەيلى قۇللۇق جەمئىيەتتە، فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسۇن، ھازىرقى زامان قانۇنچىلىق پرىنسىپلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە بولسۇن، «قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» ھامان «گۈللىنىش دەۋرى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپالىتى بولۇپ كەلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى: قايسى ۋاقىتتا قانۇنچىلىققا سەل قارالسا، شۇ ۋاقىتتا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش زىيانغا ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. ساغلام بولغان قانۇن-تۈزۈم بولماي تۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىغا ماڭماي تۇرۇپ، يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى دەرىجىدە دېموكراتىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۆزى تارىخىي مۇقەررەرلىك، كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن ئورتاق ئارزۇسى. 10 يىللىق «قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى ھەم ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر كەڭ خەلق ئاممىسىغا شۇنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇتتىكى، پەقەت قانۇن-تۈزۈمنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلغاندىلا، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە ئۈزاقچە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا نىسبەتەن زور

www.uyghurkitap.com

ئۈمىد كۆتۈۋاتىدۇ، قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىلغان گۈزەل كېلەچەكنى چاقىرىۋاتىدۇ.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن 2010-يىلغىچە، مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنىدۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلاشقانسېرى، بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلەشكەنسېرى، بېتەكلەش، قېلىپلاشتۇرۇش، چەكلەش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتلەردە رول ئوينايدىغان، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ياخشى تەرتىپنى قوغدايدىغان مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈمنىڭ بولۇشى شۇنچە زۆرۈر بولىدۇ. ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەسىلىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل ساغلام، مۇكەممەل بولغان قانۇن-تۈزۈم بىلەن بېتەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر تەرەپتىن سىياسىي تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مەمۇرىي قانۇن، ئەدلىيە تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ مۇقىملىقىنى قانۇنچىلىقنىڭ نوپۇزى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش فاڭجېننىڭ يۈرگۈزۈلۈشى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ فاڭجېننىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنىنى ئاجىزلىتىۋەتمەستىن، بەلكى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قانۇن تەرتىپى بويىچە قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مىزانىغا ئايلاندۇرىدۇ؛ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ

پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگىلىك رىئايە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى قوغدايدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قانۇن تەرتىپى بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا، مەمۇرىي ئورگانلارغا ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قانۇن-تۈزۈم جەھەتتە تەربىيىلەنگەن لاياقەتلىك كادىرلارنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، ئادىللىق بىلەن ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ پارتىيە ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالى ئۈستىدىن قاتتىق نازارەتچىلىك قىلىپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. قىسقىسى، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. پەقەت ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسىلا، كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنىنى چوقۇم مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

## 3. مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش لازىم

قانداق قىلغاندا قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىنى پۇختىلىق بىلەن ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ؟ يولداش جياڭ زېمىن ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن مۇنداق دەپ شەرھلىدى: ”سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىككى تەرەپتىن تەڭلا تۇتۇش قىلىش لازىم، ھەم قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن-تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ياخشىلاش لازىم؛ ھەم قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ساپاسىنى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم“، ”كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلىشى، قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشى قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى“؛ ”بىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمىز مۇقەررەر ھالدا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىش، ئۈزلۈكسىز كۈچىيىش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش ۋە ياخشىلىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ“. يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك روھىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، بىز مۇنداق چۈشەنچىگە كەلدۇق: ھازىرقى باسقۇچتا قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇش

لازىم:

**بىرىنچى، قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئاساسلىنىدىغان قانۇنىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە، بىر قاتار مۇھىم قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. بىراق خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك، بىز "شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىدىن، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى بەرپا قىلىش تەلىپىدىن تېخى خېلىلا يىراقتا تۇرماقتا". سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلىۋاتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇن تۇرغۇزۇشنى كۈچەيتىش، يولداش جياڭ زېمىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، "سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە تەڭشەپ باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇن سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىش" لازىم. بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار تەرتىپىنى قوغداش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاساسىي كەسىپ ۋە غول كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلارنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسلىق قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىش لازىم. ئىلگىرى تۈزۈلگەن بىر قىسىم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىق كەلمەيدىغان قانۇنلارنى ۋاقتىدا تۈزىتىش ياكى بىكار قىلىش لازىم. جىنايى ئىشلار قانۇنىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، جىنايەت ۋە جازانى قانۇن بويىچە بەلگىلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەدلىيىنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە پۇختا، توغرا، قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق تەرتىپىنى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش لازىم. مۇناسىۋەتلىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار قانۇنلارنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلاش ئاساسىدا، ھەر خىل ئاساسلىق قانۇن ۋە قانۇن-قائىدىلەرنى يولغا قويۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**ئىككىنچى، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشنى قاتتىق يولغا قويۇش لازىم.** مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش فاڭجېنىنى يولغا

قويۇش ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ۋە رولغا ئىگە. پۈتكۈل دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ زور، مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە بولۇپ، پۈتكۈل قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىدە، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويغىلى ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتىكى مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش قاتتىق بولماسلىقتەك ئەھۋالغا قارىتا، نۆۋەتتە ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشنى نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم؛ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا كۈچلۈك بولماسلىق، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كېچىش ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم؛ مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قاتتىق تۇتۇپ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى، قانۇن-سىياسەت تەربىيىسىنى ۋە ئىش ئورنىدا كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى بوشاشماستىن چىڭ تۇتۇش؛ سىناش، ۋەزىپىگە قويۇش، مۇكاپاتلاش-جازالاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ۋە زىياننى تۆلىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى قاتتىق يولغا قويۇش لازىم.

**ئۈچىنچى، قانۇن ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** چەكلەشتىن ئايرىلغان ھوقۇقنىڭ چىرىكلىككە ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەر. ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە قانۇن نازارەتچىلىك ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، پارتىيىسىز زاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ دېموكراتىك نازارىتىنى، ئاخباراتچىلىق ۋاسىتىلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك نازارەتچىلىك ئورگانلىرى بولۇپمۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشى، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، نازارەت قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نازارەت قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، دۆلەتنىڭ زىياننى تۆلەش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا

ئالاقىدار مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلىشىغا مەدەت بېرىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە خىزمەت تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئاممىدا قاتتىق تەسىر پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي نازۇك مەسىلىلەرگە بولغان نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، مەمۇرىي ئەرزلەردە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، مەمۇرىي قارارلارنى قايتىدىن قاراپ چىقىش ھەرىكىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارغا بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

**تۆتىنچى، قانۇنچىلىق تەشۋىقات-تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا پۈتۈن مىللەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم.** بۇ يىل قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3-بەش يىللىق پىلانى يولغا قويۇلغان بىرىنچى يىل. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدىكى "قانۇنچىلىق تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى بوشاشماستىن ياخشى ئىشلەپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3-بەش يىللىق پىلانى مەزگىلىدە يەنى 2000-يىلىدىن بۇرۇن كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ساپاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش" توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا، قانۇنچىلىق تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىدىكى كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، پىكىر يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، بارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، بارلىق پۇقرالار ئىچىدە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان تەربىيىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ كادىرلارنىڭ قانۇن كۆزقارىشىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ئىگىلىك ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇن بويىچە تەدبىر كۆرۈش، قانۇن بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش، دۆلەت مەنپەئىتىگە، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشنى سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇشى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇننى ئۆگىنىپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى قاتتىق يولغا قويغاندىلا، قانۇنچىلىقنىڭ نوپۇزىنى تىكلىگىلى، پۇقرالار ئىچىدە قانۇنچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەپ، پۇقرالاردا قانۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى كەسىپلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى چوڭقۇر، كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم.** قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى تەشۋىقات-تەربىيە ئاساسىدا، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق جەمئى-

يەتنى باشقۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە تۇتۇش قىلىش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، قانۇن بويىچە زاۋۇت باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلاملارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئاساسىدا، ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى سىستېمىلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش لازىم. ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، قانۇن بويىچە شەھەرنى باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە ئۆلكىنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، رايون دائىرىسىدە قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىدىغان، كەسىپلەرنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى تايانچ قىلىدىغان، ھەرقايسى قاتلاملار توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا بىرلىشىپ كېتىدىغان قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تورلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش لازىم.

**ئالتىنچى، قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىن ئاساس سېلىپ بېرىش لازىم.** قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسى قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسلىق، يېتەكچى خاراكتېرلىك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. 1979-يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. نۆۋەتتە، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، كۆپ ئۆلچەملىك قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسى سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ، دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۈركۈم ئىختىساسلىق قانۇن خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بىرقەدەر چوڭ پەرق بار. جۇڭگونىڭ قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسىنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ "زامانىۋىلاشتا يۈزلىنىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش لازىم" دېگەن فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان قانۇن ئېڭىغا ئىگە، ئەسىر ھالقىيدىغان، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسى ساھەسىدىكى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش-تەقسىملەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، تەربىيىلەش ئەندىزىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە-

كى ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدىكى قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا لايىق كېلىدىغان، ئېھتىياجغا ماس كېلىدىغان قانۇنشۇناسلىق تەربىيىسى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يولىنى تىرىشىپ تېپىپ چىقىش لازىم.

**يەتتىنچى، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى كەسپىدىكى ئىسلاھاتنىڭ كۆچىنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇش لازىم.** قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى كەسپىنىڭ پەيدا بولۇشمۇ بازار ئىگىلىكىنى قانۇنلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە قانۇننى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش يۈزىسىدىن، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى كەسپى ئىلگىرى بار ئاساستا بىر قەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشى لازىم. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياخشى سۈپەتلىك ئىچكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، قانۇن مۇلازىمەتچىلىكى بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك كەسپىي قوشۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ شەكىللەندۈرۈش لازىم. بازار ۋاستىچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇلازىمەت قىلىش، ئالاقىلىشىش، گۇۋاھلىق بېرىش، نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت كۆچىنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىگىلىكنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پائال تۈردە قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

**سەككىزىنچى، قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت ياشانغانلارنى، ئىشسىزلارنى بېقىش ۋە داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، نەپىقە بېرىش-ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئىجتىمائىي ھەمكارلىق، شەخسىي ئامانەت جۇغلانمىسى كاپالىتى بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈش، مۇناسىپ سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئاياللار، ياش-ئۆسمۈرلەر، مېيىپلار قاتارلىق ئالاھىدە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەمەلىي گەۋدىلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتىكى قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ كۆنسايىن مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى تەلىپى ۋە ھەر خىل جېدەل-ماجىرالىرى بارغانسېرى ئەرز-شىكايەت ياكى ئەرز-شىكايەت شەكلىدە بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدە جەمئىيەت ئەزالىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسپىي نامرات بولغانلىقتىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىكى تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۇچۇن دۆلەت قانۇن ئارقىلىق مۇۋاپىق شەكىلدە ياردەم بەرمىسە، مەيلى ئىجتىمائىي سوغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، نەپىقە بېرىش-ئورۇنلاشتۇرۇش بولسۇن، ئەمەلىي گەۋدە-لەرنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بۇ تۈزۈملەر ھەرقانچە مۇكەممەل تۈزۈلگەن بىلەنمۇ شەكىللىۋازلىققا، ھەتتا قۇرۇق جازىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قانۇن ئارقىلىق ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە يولغا قويۇش— ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ قانۇن مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرتىپلىك ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنپەئەت جەھەتتىكى ھەر خىل جېدەل-ماجىرا ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**(ئاپتور: ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئېغر جنايى ئشلار جنايەتلرگە قاتتق زەربە بېرىپ، خەلق ئاممسنڭ خۇشال-خۇرام ياششغا كاپالەتلك قلايلى

شۇ خۇەيدى

پارتيه مەركزي كومتېتى نۆۋەتتكى جەمئيەت ئامانلقى ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ يل ئككنچى پەسلدە پۈتۈن مەملكەت دائىرسدە مەركەزلك هالدا بر قېتملق ”قاتتق زەربە بېرش“ كۈرشنى ئېلىپ بېرشنى قارار قلدى. بۇ پارتيه مەركزي كومتېتى بر قسيم جېيدرنڭ جەمئيەت ئامانلقى ياخشى بولماسلقتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئاممسنڭ خۇشال-خۇرام ياششغا كاپالەتلك قلش ئۈچۈن چقارغان چوڭ قارار، شۇنداقلا هەرقايسى تەرەپلەرنڭ ئاكتپلقنى قوزغاپ، ئسلاھات-ئېچۋېتش ۋە ئقتسادىي قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، 9-بەش يللق پلاندكى نشانلارنى ئشقا ئاشۇرۇشتكى مۇھم تەدبر هېسابلنندۇ. هەر جايلاردكى پارتكوم، هۆكۈمەتلەر مەركەزنڭ مەقسىتنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى. پارتيه-هۆكۈمەت ئورگانلرنڭ برنچى قول باشلقلرنڭ ئومۇميۈزلۈك هالدا بۋاستە سەپەرۋەرلك قلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئنچكە تەشكللەپ قوماندانلق قلشى بلەن، ”قاتتق زەربە بېرش“ كۈرشى مەملكەتنڭ هەرقايسى جايلرىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدكى نەتجگە ئېرشتى. زيينى زور بر قسم يامان خاراكتېرلك چوڭ ئەنزلەر پاش قلنندى، قلمغان يامان ئشى قالمغان بر قسم قارا جەمئيەت خاراكتېرنى ئالغان جنايەتچلەر گۇرۇھلىرى يوقىتلدى، ئۇزۇن مەزگل جنايەت ئۆتكۈزۈپ قېچىپ يۈرگەن بر قسم چوڭ جنايەتچلەر تۇتۇۋېلنندى، جەمئيەت ئامانلقغا ئېغر زيان يەتكۈزگەن بر قسم جنايەتچلەرگە تېزلكتە ئېغر جازا بېرلدى. جەمئيەتتكى هەرقايسى ساھەلەرنڭ ئنكاسى ناھايتى ياخشى بولدى. خەلق ئاممسى خوپ بولدى دەپ، پارتيه بلەن هۆكۈمەتنڭ خەلق ئۈچۈن يەنە بر چوڭ ياخشى ئش، ئەمەلي ئش قلىپ بەرگەنلكنى مەدھيلدى. نۆۋەتتە، بۇ كۈرەش تېخمۇ ئچكرىلەپ تەرەققي قلماقتا.

## 1. نۆۋەتتكى جەمئيەت ئامانلقى ۋەزىيتى

ئسلاھات-ئېچۋېتش ئشلرى يولغا قويۇلغاندن بۇيان، پارتيه بلەن دۆلەت كۈندن-كۈنگە گەۋدىلنۋاتقان جەمئيەت ئامانلقى مەسلسگە باشتن ئاخر يۈكسەك دەرىجدە ئېتبار بېرىپ كەلدى،

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشنى جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپ قىسىم جايلارنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئاز قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردە جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ سانى مۇقىملىشىپ قېلىش ئاساسىدا ئازىيىشقا باشلاشتەك خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەر ئۆز جايلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشىدا ياخشى "كىچىك كېلىمات"، "كىچىك مۇھىت" ياراتتى. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئەھۋالى ھەقىقەتەن يامان بولۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى غالجىرلاشقان، ئامانلىقنى ساقلاش مەسىلىسى گەۋدىلىك، ۋەزىيەت خېلىلا كەسكىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك.

**(1) ئالاھىدە چوڭ يامان خاراكتېرلىك ئەنزىلەر داۋاملىق يۈز بەرمەكتە.** ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، بىر قىسىم جايلاردا دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان كەم كۆرۈلگەن ئالاھىدە چوڭ يامان خاراكتېرلىك ئەنزىلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى. بۇلتۇر 12-ئاينىڭ 22-كۈنى گۇاڭجۇ شەھىرىدە يۈز بەرگەن ئالاھىدە چوڭ ئەنزە—پۇل توشۇش ماشىنىسىنى قوراللىق بۇلاش ئەنزىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ نەق پۇل بۇلاش ئەنزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرنەچچە قوراللىق بۇلاڭچى كۆپكۆندۈزدە بىرقانچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 12 مىليون خەلق پۇلى، ئۈچ مىليون شياڭگاڭ پۇلىنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ يىل باھار بايرىمى ھارپىسىدا، لى پېيياۋ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭنى ئوغرى جىنايەتچى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ۋەقەسى خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئىنتايىن چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. يېقىندىن بېرى، بېيجىڭ شەھىرىدە قاراۋۇللارغا، ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش، بانكىلارنى، ئۈنچە-مەرۋايىت دۇكانلىرىنى بۇلاشتەك يامان خاراكتېرلىك ئەنزىلەر كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى. بۇ ئەنزىلەر ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ بولماقتا.

**(2) قورالغا چېتىشلىق زوراۋانلىق جىنايەتلەر كۆرۈنەرلىك كۆپەيمەكتە.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قورالغا چېتىشلىق جىنايەتلەر كۈنسايىن گەۋدىلەنمەكتە. 1995-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان قورال باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرى 23 مىڭ قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 13.5% ئاشقان. بۇلتۇر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى قورالغا چېتىشلىق جىنايەتلەر گەۋدىلىك بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە قانۇنسىز قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى يىغىۋېلىش مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، 7-ئايدىن 11-ئايغىچە بولغان بەش ئاي ۋاقىت ئىچىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنسىز قورال-ياراقنى يىغىۋالدى. 1995-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زوراۋانلىق جىنايەت ئەنزىسى

www.uyghurkitap.com

ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.8% ئاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوراللىق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسى 11.7%، قوراللىق بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى 24.8% ئاشقان، ھەتتا كاللا كېسەرلەر ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا شەھەرنىڭ ئاۋات رايونلىرىدا قوراللىنىپ نۇرغۇن گۇناھسىز ئاممىنى ئۆلتۈرۈش، يارىلاندۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچى-كادىرلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىغا قارشى ئۇلار بىلەن ئېتىشىشتەك يامان خاراكتېرلىك ئەنزىلەر يۈز بەردى. قوراللىق جىنايەتلەرنىڭ شىددەتلىك كۆپىيىشى خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن چوڭ تەھدىت ئېلىپ كەلدى.

**(3) جىنايەتچىلەر گۇرۇھلىرى ئۆزى تۇرغان رايونغا زومىگەرلىك قىلماقتا.** بەزى جايلاردىكى قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھلىرى ۋە لۈكچەكلەردىن ئىبارەت زومىگەر كۈچلەر ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ، ئەيمەنمەي-تەپتارتماي زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ، قىلمىغان ئەسكى ئىشلىرى قالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىچكى قىسمىمىزدىن مۇھاپىزەت كۈنلۈكى ئىزدەش يۈزىسىدىن، بارلىق ئاماللار بىلەن پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىمىزنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى ئۆزىگە تارتتى ۋە چىرىتتى، شۇ ۋەجىدىن بىر قىسىم جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئۇزاققىچە قالايمىقان بولغان، بۇنىڭغا نىسبەتەن خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ-نەپرىتى پەلەككە يەتكەن بولسىمۇ ئەمما دەردى ئىچىدە قالغان.

**(4) چوڭ-چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسى كۆپ مىقداردا كۆپەيمەكتە.** جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1995-يىلى دېلو ئېچىپ تەھقىقلەنگەن چوڭ-چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسى 700 مىڭغا يېتىپ، 1994- يىلدىكىدىن 12.6% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسى 3.6%، بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى 9.2%، مال-مۈلۈككە دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەنزىسى 14.9% ئاشقان. چوڭ تىپتىكى بۇلاڭچىلىق ئەنزىلىرى زور دەرىجىدە كۆپەيمەكتە. جىنايەتچىلەرنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، مال-مۈلۈكنى دەپ ئادەم ھاياتىغا زامىن بولماقتا. ئۆيلەرگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىش شۇنىڭدەك ۋېلسىپىت ئوغرىلاش ئەنزىلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرماقتا. شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ۋېلسىپىتى يۈتكەن بولۇپ، بەزى ئائىلىلەرنىڭ بىرقانچە ۋېلسىپىتى يۈتكەن. بۇ مەسىلىلەر ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زور دەرىجىدە تەسىر قىلماقتا.

**(5) جەمئىيەتتىكى يىرگىنىشلىك ھادىسىلەر داۋاملىق كېڭەيمەكتە.** نومۇسنى سېتىش ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىش، سېرىق نەرسىلەرنى ياساش ۋە ئېلىپ-سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناشتەك جەمئىيەتتىكى يىرگىنىشلىك ھادىسىلەر قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ يەنىلا تۈگىمەي، بەزى جايلاردا ھەتتا ئاپەتكە ئايلانغان. 1995-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ چىقىلغان نومۇسنى سېتىش ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىش ئەنزىسى ۋە ئەنزە تۇغدۇرغان ئادەملەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.5% ۋە 25.5% ئاشقان. نومۇسنى سېتىش ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. بەزىلىرى كۈتكۈچى، ئۇچۇرچى، شەخسىي كاتىپ، مۇناسىۋەتچى خانىم قاتارلىق سالاھىيەتلەر بىلەن نومۇسنى سېتىش ۋە پاھىشىۋازلىق قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان. سېرىق نەرسىلەرنى

ياساش ۋە ئېلىپ-سېتىش ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىپ، بەزى باسما زاۋۇتلار ۋە ئۈن-سىن بازارلىرى شەھۋانىلىق تەرغىب قىلىنغان كىتاب، لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا باسىدىغان ۋە ساتىدىغان بولغان. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ھادىسىلىرى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشقان بولۇپ، 1995-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككۈچى ۋە ئۇنى ئوكۇل قىلىپ سالغۇچىلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %27.6 ئاشقان. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ۋە ئۇنى ئېلىپ-سېتىش ھادىسىلىرى پەقەت يۈننەن ئۆلكىسى ۋە شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى جايلاردا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىدى، ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاراپ كېڭىيىپ بارماقتا. بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ ئاپتوبۇس بېكەتلىرى، باغچىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى زەھەرلىك چېكىملىكلەر بېرژىغا ئايلانغان؛ بىر قىسىم كەچلىك كۇلۇبلار، قەھۋاخانىلار، كارا OK زاللىرى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. قىمارۋازلىق ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، قىمارۋازلىققا چېتىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا كىرىپ قالغانلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. بۇنداق يىرگىنچلىك ھادىسىلەر ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى پەيدا قىلدى.

## 2. ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشى ئىلگىرىكى ئادەتتىكى مەخسۇس كۈرەشلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىيەتنى كۆزىتىش، خەلقنىڭ تەلەپ-ئارزۇسىنى چۈشىنىش ئاساسىدا چىقارغان چوڭ ستراتېگىيىلىك قارارى بولۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەت بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىشى، تولۇق تونۇشى لازىم.

**(1) ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.** پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى، پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: خىزمەتلىرىمىزنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى خەلقنىڭ رازى بولغان-بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ خۇشال بولغان-بولمىغانلىقى، خەلقنىڭ ھىمايە قىلغان-قىلمىغانلىقى، خەلقنىڭ ماقۇل بولغان-بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن: ”باشتىن ئاياغ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئويلاش مەسىلىلەرنى ئويلىشىمىزنىڭ ۋە ئىش بېجىرىشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى“ دەپ كۆرسەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە چوڭ-چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى داۋاملىق كۆپىيىپ،

www.uyghurkitap.com

بىر قىسىم جايلاردىكى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ خورىكى ناھايىتى ئۆسۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر زىيان سېلىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئوقۇتۇش تەرتىپى، پەن تەتقىقات تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى بۇزۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنتايىن چوڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئامانلىقنى ساقلاش ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن جايلارنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئەھۋالىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش — خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ساداسى ۋە كۈچلۈك ئارزۇسىدۇر. بۇ قېتىملىق "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال-مۈلۈك ھوقۇقىنى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراتماسلىق يولىدا نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي ئىش، خەلق ئاممىسىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان زور تەدبىر.

**(2) "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.** نۆۋەتتە، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرى ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىگە بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزۈپ، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئامما، ساقچى بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى تىنچ-ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزمەكتە. پەقەت "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغدىغىلى، شۇنداقلا ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ زور قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلغىلى، پارتىيىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكىلى، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**(3) "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.** ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغاندا، ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇتۇقلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تەرەققىيات — چىڭ قائىدە، ئىسلاھات — ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مۇقىملىق بولسا تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىدا تەستىقلانغان دۆلىتىمىز «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» پارتىيىمىز تۈزۈپ چىققان ئەسىر ھالقىيدىغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ پروگراممىسى خاراكتېرلىك ھۆججىتىدۇر. تىنچ سىياسىي ۋەزىيەت ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت 9-بەش يىللىق پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش دەل ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تونۇشىمىز، چۈشىنىشىمىز كېرەك.

**(4) ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.** ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. يولداش جياڭ زېمىن «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە چوڭ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا» دا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنى نىشان قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىككە كەلگەن كۈرەش نىشانى قىلىپ تۇتۇشىمىز، باشتىن ئاخىر ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“تا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئىقتىسادنىڭ بىر مەزگىل تەرەققىياتىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ.“ ھەر خىل قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، سېرىق نەرسىلەرنى ياساش ۋە ئۇنى ئېلىپ-سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمارۋازلىق قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي يىرگىنىشلىك ھادىسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغىدى، بىر قىسىم ئىرادىسى بوش ئادەملەرنى چىرىتتى، بىر تۈركۈم ياش-ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتتىق توسقۇنچىلىق قىلدى. پەقەت ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي يىرگىنىشلىق ھادىسىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 3. ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلەپلەر

www.uyghurkitap.com

**(1) تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەركەزنىڭ قارارى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چوڭقۇر چۈشىنىشى، ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى ئەكتىلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، بۇ قېتىملىق كۈرەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ۋە ”ئۆزەم تۇرغان جاينىڭ ئامانلىقىنى ساقلايمەن“ دەيدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۆستۈرۈشى، ”قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشى“ ۋە ”ئوزۇقلۇق قۇرۇلۇشى“نى تۇتقاندەك جەمئىيەت ئامانلىقىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدىكى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت بىرىنچى قول باشلىقلىرى چوقۇم پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا يۇكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن ئامانلىقنى ساقلاپ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ، شەخسەن ئۆزى تۇتۇش قىلىپ، بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت كۈچىنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ كۈرەشكە ئورتاق ئاتلاندۇرۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇختىلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە پۇختا، توغرا، قاتتىق جازالاش كېرەك. ئۇزاقتىن بۇيان ئامانلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ناچار بولغان، جىنايى ھەرىكەتلەر ئەۋج ئالغان يەرلەردە، پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر كۈچ تەشكىللەپ، نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ جاينىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشى لازىم. قەيەردە ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىغان، جەمئىيەت ئامانلىقى قالايمىقان بولۇشتەك ئەھۋالدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا، شۇ جاينىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

**(2) مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە تېزدىن ئېغىر جازا بېرىش كېرەك.** بۇ قېتىملىق ”قاتتىق زەربە بېرىش“ كۈرىشىنىڭ زەربە بېرىش نۇقتىسى: ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك ئېغىر زوراۋانلىق جىنايەتلەر بولۇپمۇ قوراللىق جىنايەتچىلەر، قارا جەمئىيەت خاراكتېرىنى ئالغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھى ۋە لۈكچەك قەبىھ كۈچلەردۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ-سېتىش، قورال-ياراقلارنى ئېلىپ-سېتىش، ئاياللار ۋە بالىلارغا قارىتىلغان قەللاپلىق قىلىش جىنايىتىنى شۇنداقلا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان چوڭ-چوڭ ئوغرىلىق جىنايەتلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ”چوڭ ئەنزىلەرنى پاش قىلىش، گۇرۇھلارغا زەربە بېرىش، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاش“ جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن تارماقلىرى ”قاتتىق زەربە بېرىش“ داۋامىدا ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىپ، چوڭ جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە تېزدىن ئېغىر جازا بېرىش فاكجېنىنى

تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. سىياسىي قانۇن تارماقلىرى قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، شۇنداقلا بىر-بىرسىگە ئىتتىرىپ قورۇق تالاش-تارتىش قىلىش، سۆرەلمىلىك قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلماسلىقتەك ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈزىتىشى، جەرياننى جازانىڭ ئورنىغا قويۇشتەك مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈگىتىشى كېرەك. قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشقا تېگىشلىكلەرنى قولغا ئېلىش، ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىش، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى قەتئىي ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش، ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك. ئەنزە بېجىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەنزىنى تېز پاش قىلىش، قولغا ئېلىشنى تېز تەستىقلاش، تېز ئەرز قىلىش، تېز سوتلاشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي سىياسىي قانۇن تارماقلىرى ھەرقايسى جايلارغا بولغان كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۈرەش جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. قانۇننى مەدەنىيەتلىك ئىجرا قىلىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىپ، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇۋال قىلماسلىق ھەم جازادىن قاچۇرماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان قىلىش كېرەك.

**(3) ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك.** "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشتا پەقەت سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭلا كۈچىگە تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. ھەرقايسى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، سىياسىي قانۇن تارماقلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشىنى ئاكتىپ قوللاش ۋە قاتنىشىش مەسئۇلىيىتى بار. "كىم ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بولسا، شۇ مەسئۇل بولۇش" پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىش ئارقىلىق، ئۈنۈملۈك تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. "قاتتىق زەربە بېرىش" كۈرىشى كىشىلەرنىڭ رايىغا يېقىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولدى. بۇ كۈرەشتە، ئاممىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قوزغاش ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى پاش قىلىپ، كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قالغاندەك، جىنايەتچىلەرنى ھېچقانداق يەرگە يوشۇرۇنالماس قىلىپ قويۇش كېرەك. خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئادالەت يولىدا پىداكار بولغان، جىنايەتچىلەر بىلەن ئاكتىپ كۈرەش قىلغان نەمۇنىچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، ساغلام كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، جىنايەتچىلەرنى چۆچۈتۈش كېرەك. تەشۋىقات- تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ پەخەس بولۇش ئېڭىنى شۇنىڭدەك قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش غەيرىتىنى ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە "ھەممە ئادەم ئامانلىققا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ھەممە كىشى ئامانلىقنى قوغدايدىغان" ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**(4) پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك.** جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

ئامانلىقنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئامانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ يولى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۈنۈۋېرسال تۈزەشنى ياخشى ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ ئامانلىقى ياخشى بولىدۇ. ”قاتتىق زەربە بېرىش“ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى. لېكىن، جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ”قاتتىق زەربە بېرىش“كە تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ. ”زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، تۈپتىن ھەل قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش“ پرىنسىپى بويىچە ”قاتتىق زەربە بېرىش“تىن ئىبارەت پايدىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشنىڭ ھەر خىل تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئاساسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەش توغرىسىدىكى ئىككى «قارارى»نى داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈۋېرسال تۈزەش رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تولۇقلاپ، ئۈنۈۋېرسال تۈزەشنىڭ ھەر خىل چارە-تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالىنىڭ قەدەممۇقەدەم ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاپتور: مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: كاملجان تۇرسۇن**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر

يۈەن مۇ

**ئېلىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇش لازىم.**
دۆلەت كارخانىلىرى يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىن تەركىب تاپقان دۆلەت ئىگىلىكى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتى-نى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسىي بازا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان مۇھىم كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغىلى، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىگىلى، راۋاجلاندۇرغىلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېيىمىزكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقى ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. بىز بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئاندىن ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزالايمىز.

**دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.**
10 نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا خېلىلا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بىرمۇنچە دۆلەت كارخانىلىرى ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەھەتتە يېڭى تەجرىبىلەر توپلاندى. بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش ھەتتا دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن قانچە ھەپىلەشكەنسېرى شۇنچە چاتاق چىقىدۇ، ئۇنى ئوڭشىغانسېرى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ دەپ قاراش ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولمىغان ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىسىز بولغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىك سەپسەتىسىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا تېخى تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، زور بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرى تېخى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. دۆلەت كارخانىلىرى دۈچ كەلگەن ئەمەلىي قىيىنچىلىق تېخى ناھايىتى كۆپ، تارىخىي بوپيا ۋە ئىجتىمائىي يۈك ناھايىتى ئېغىر، ئىسلاھ قىلىش بەك تەس، نەتىجە قازىنىشقا بەك

ئالدىراپ كەتكەن بىلەن بولمايدۇ، بەك ئاستا بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر يەنە بىرقانچە يىل كەينىگە سۈرۈلسە، ئالايلى، يەنە ئىككى-ئۈچ يىل ياكى تۆت-بەش يىل ئارقىغا سۆرەلسە، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى داۋاملىق ئېغىر دەرىجىدە توختاپ قېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدە ئىگەللەيدىغان نىسبىتى داۋاملىق زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، زىيان تارتقان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ نىسبىتى داۋاملىق كېڭەيسە، زىيان داۋاملىق زور دەرىجىدە ئاشسا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ نورمال تارقىتالمايدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دۆلەت كارخانىلىرى داۋاملىق كۆپىيىپ بارىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش نىشانىمىز تولۇق ئىشقا ئاشالمايلا قالماستىن، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ۋەزىيىتىمۇ تېخىمۇ كۆپ تەھدىت ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن كىشىنى قورقاتقانلىق بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئېغىر ۋەزىيەت. بىز بۇنىڭغا قارىتا ئېنىق تونۇشتا بولغىنىمىزدىلا، ئاندىن ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش، ياخشىلاش جەھەتتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئۆستۈرەلەيمىز.

**دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.** دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ مەقسىتى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللىنىپ قالغان تۈرلۈك نۇقسانلاردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى ۋە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۇنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىر يولغا سېلىپ، بايلىق تەقسىماتىنى خىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى يېتەكچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش فاڭجېنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى شەكلىنى قوللىنىشقا باب كەلمەيدىغان، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ياكى باشقا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادىي تەركىب قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان ئاز بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدىن باشقا، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئاساسلىق ئىسلاھ قىلىنىدىغىنى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بولماستىن، بەلكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدۇر. دۆلەت ئىگىلىكىنى يېتەكچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىر-بىرىگە زىت بولماستىن، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن دۆلەت ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ پائال راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەرگەندىلا، ئاندىن تۈرلۈك غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تولۇقلايدىغان پايدىلىق ۋە ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ياكى

جەزمەن پەيدا بولىدىغان پاسسىپ رولىنى چەكلەشكە پايدىلىق شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ. دۆلەت كارخانىلا-
رى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرىلىتىش داۋامىدا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئاجىزلىتىش مەقسەت قىلىنغان ھەرقانداق خۇسۇسىيلاشتۇرۇش خاھىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق خاھىشنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا پەيدا قىلغان تۈرلۈك ناچار تەسىرلىرى ۋە ئېغىر ئاقىۋىتىگە ھەرگىز بىپەرۋا قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئۇنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك.

**دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش، ياخشىلاشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنى ئىگەللەش كېرەك.** دۆلەت كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش، ياخشىلاش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ داۋاملىق تۈردە بىرقانچە مۇھىم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تاشقى مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقنى پەيدىنپەي يېنىكلىتىپ، تارىخىي بوپىنى چۈرۈپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي يۈكنى يەڭگىللىتىشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، قىلغىلىمۇ بولىدۇ. ئەمما، تاشقى ئامىل ئىچكى ئامىل ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. ئىچكى ئامىل ئومۇمەن ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن قاتتىق تۇتۇش قىلىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى، كارخانىنى جانلاندۇرۇش، ياخشىلاشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى-
نى ئىگەللىشىنى داۋاملىق تەكىتلەش كېرەك. جايلارنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئامىللار ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، بازار ئېچىش ئىقتىدارى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھات ئارقىلىق بازار ئىگىلىكى بىلەن تۇتىشىش ھەمدە ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قېلىش ئۈچۈن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدىكى ھەممىدە دۆلەتكە تايىنىدىغان ”كۈتۈش، يۆلىنىش، ئېلىش“ ئىدىيىۋى ھالىتىدىن ئازاد بولۇپ، بازارغا تىرىشىپ ماسلىشىش، شۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بازار ئېچىپ، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. بولمىسا ھېچ ئىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى، مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش ئىقتىدارى. كارخانىلار بازارنى ئىگىلەش ئۈچۈن، سۈپەت جەھەتتىن ئېسىل ھەمدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى لازىم. بۇ كارخانىلارنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش ھەمدە بىر ئەۋلاد مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلسا، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى ئېچىش، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشكە ماس كېلىدىغان رىقابەت كۈچىگە ئىگە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز بازارغا سېلىش كېرەك. ئۈچىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى. توختاۋسىز تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە-سايمانلىرىنى يېڭىلىغان ۋە ھۈنەر-سەنئەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا، ئاندىن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كارخانىلار-
نىڭ تەرەققىي قىلىش جەھەتتىكى زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. تۆتىنچى، ئىلمىي باشقۇرۇش ئىقتىدارى. كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەي-
تىش ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى تەقسىماتىنى خىللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ يۈرۈشۈش ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى، كارخانىلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئاساسىي نىشانى. ئىسلاھات روھى بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش، كارخانا باشقۇرۇشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەككى، ئىسلاھات داۋامىدا باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەتتا ئىسلاھات بىلەن باشقۇرۇشنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بەشىنچى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىقتىدارى. كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىش ۋە ئىگىلەش، مەھسۇلاتلارنى يېڭىلاش، تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ھەممە بۇ ھالقىلارنى تۇتۇپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىدا، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ بۇ ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان بىر ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. دۆلەتنىڭ ھەرقانچە ياخشى سىياسىتى ۋە ئىسلاھات تەدبىرىمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ. يۇقىرىقى بەش ئامىلنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى يەككە-يېگانە مەۋجۇت بولماستىن، ئۆزئارا باغلىنىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ھالبۇكى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، كۈچلۈك-ئاجىزلىقى كارخانىلارغا نىسبەتەن كۆپ چاغلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

**نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە قويۇلىدىغان بىرقانچە تەلەپ.** دۆلەت كارخانىلىرى سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى كارخانا. بۇنداق كارخانىلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردا، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا قارىتا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچ بولمىسا، مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ قائىدىگە ھەممە بىرمۇنچە جايلارنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شۇنىڭدەك نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق تەلەپلەرنى قويۇش زۆرۈردەك قىلىدۇ: بىرىنچى، بازار ئىگىلىكى ۋە پەن-تېخنىكا ھەققىدە ساۋاتى بولۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان بولۇش، شۇنداقلا سىياسەتنى تەكتىلەش، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، شۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغان رەھبەرلىك بەنزىسىلا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي كەسپىي خىزمىتىنى ياخشىلاشنى زىچ بىرلەشتۈرەلەيدۇ؛ ئىككىنچى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك كەسىپچانلىققا، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان، ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىگىلىك يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، تۆھپە يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇش، پاك-تەلەپچان بولۇش، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئارىسىدا ئىشەنچ ۋە نوپۇزغا ئىگە بولۇش لازىم؛ تۆتىنچى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش، ئىخلاس بىلەن ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش، پۈتۈن كۈچى بىلەن كارخانىلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش لازىم؛ بەشىنچى، پارتىيە،

ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، بىر بەنزىدىكى ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان بولۇشى، ”مەركەز“ دېيىش كېرەكمۇ ياكى ”يادرو“ دېيىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە ئورۇنسىز تالاش-تارتىشنى قىلماي، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم.

**كارخانىلارنىڭ بىرلىشىش، قوشۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانىلار گۇرۇھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش كېرەك.** ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەت ئىگىلىكىدە، كارخانا مال-مۈلكىنىڭ يۆتكىلىشى يوق دېيەرلىك، يەنە كېلىپ كەسىپ قۇرۇلمىسىمۇ مۇۋاپىق بولمىدى، بۇ، نۆۋەتتە بىرمۇنچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلالـ ماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. كۆپلىگەن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مال-مۈلكىنى يۆتكەشتۈرۈش، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بىرلىشىشى، قوشۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا، كارخانىلار گۇرۇھىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاشقا ۋە كۆلەم جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن دۆلەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىشنىڭ ئۈنۈملۈك بىر يولىدۇر. ھازىر مەملىكەت بويىچە گۇرۇھ خاراكتېرلىك كارخانىدىن 20 مىڭدىن كۆپرەكى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچىلىرى ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى باشقۇرۇلغان، ئانچە ياخشى باشقۇرۇلمىغان ياكى ناچار باشقۇرۇلغانلىرىمۇ بار. ھازىر بار بولغان ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، كارخانىلار گۇرۇھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش ۋە تۆت جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىر پرىنسىپ شۇكى، كارخانىلار گۇرۇھىنى تەشكىللەشتە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش، ئىختىيارىي بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، بىر-بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش كېرەك، مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ”زورلاپ چېتىپ قويۇش“تەك ئىشنى قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، مەمۇرىي مونوپول خاراكتېردىكى ”ۋۇۋسكىسى ئۆزگەرگەن شىركەت“نى قۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. تۆت جەھەتتىكى مۇناسىۋەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، كارخانىلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەت تەقسىماتى مۇناسىۋىتى. گۇرۇھقا قاتناشقان ھەرقايسى ئەزا كارخانىلارنى گۇرۇھىنىڭ تەرەققىياتىدىن كەلگەن مەنپەئەتتىن مۇۋاپىق بەھرىمەن قىلىش، ئۇلارنى پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ، گۇرۇھىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچى، گۇرۇھىنىڭ مەركەزلىشىش-بىرلىككە كېلىشى بىلەن ئەزا كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ھەم گۇرۇھىنىڭ زۆرۈر بولغان مەركەزلىشىش-بىرلىككە كېلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قۇدرەتلىك يىغى بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىش، ھەم ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ ئەزا كارخانىلارغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىش لازىم. ئۈچىنچى، گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى ئەزا كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى. گۇرۇھ رەھبەرلىرى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ۋە گۇرۇھىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يادرو قاتلاملىق، زىچ

قاتلاملىق، يېرىم زىچ قاتلاملىق ۋە تارقاق قاتلاملىق ئەزا كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى شۇنىڭدەك ئانا شىركەت بىلەن بالا شىركەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، ھەرقايسى ئەزا كارخانىلارغا ئادىل، مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، بىرسىگە ئېتىبار بېرىپ، يەنە بىرسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، كەمسىتىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۈچىنچى، گۇرۇھلاشقان شىركەت ۋە گۇرۇھقا ئەزا كارخانىلار بىلەن شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتى. ھەم يەرلىك بېكىنمىچىلىكنى قەتئىي تۈگىتىش، ھەم ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش، گۇرۇھنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق رايون ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن شىركەتلەر گۇرۇھىنىڭ باش شتابى ۋە ئەزا كارخانىلار تۇرۇشلۇق جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ گۇرۇھ تەرەققىياتىنى پائال قوللاش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، بايلىق تەقسىماتىنى خىللاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىرلىشىش، قوشۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زىياننى پايدىغا ئۆزگەرتىشتىن ئۈمىد قالمىغان كارخانىلارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەيران بولۇشنى يولغا قويۇشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ئومۇمەن ئالغاندا يەنىلا بىرلىشىش، قوشۇلۇشنىڭ كۆپرەك، ۋەيران بولۇشنىڭ ئازراق بولغىنى ياخشى، چۈنكى بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق.

**دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.** زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى بېكىتىش زۆرۈر. مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھات ناھايىتى مۇھىم، ئۇنى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئەمما مۈلۈك ھوقۇقى ئايدىڭلاشسىلا باشقا ھەممە مەسىلە ئاسان ھەل بولۇپ كېتىدۇ دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى ئىسلاھاتىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا تەڭ ئەمەس، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدا مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن مەقسەت ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئايرىپ، "ئۈچىنى كاپالەتلەندۈرۈش"نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت: ئىگىدار سۈپىتىدىكى دۆلەتنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇش؛ كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا يۈرۈشۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق تارمىقىدىن ۋە باشقا تەرەپلەردىن كېلىدىغان تېگىشلىك بولمىغان ئارىلىششلارنى تۈگىتىش؛ مەبلەغ چىقارغۇچى بىلەن كارخانىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش. دۆلەتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك، دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى كارخانىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا، شەخسنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق بولۇشى

كېرەك. بولمىسا دۆلەت مۈلكىنىڭ كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئېقىپ كېتىشىنى توسۇغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق خاھىش ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلىدىغان بولسا، نامدا «خۇسۇسىيلاشتۇرۇش» تەكىتلەنمىگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە پەيدىنپەي «خۇسۇسىيلاشتۇرۇش» پەيدا بولىدىغان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

**شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئاكتىپلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.** شىركەت زامانىۋى كارخانىلارنىڭ بىر قەدەر ئېقىۋاتقان تەشكىلىي شەكلىدۇر، ئەلۋەتتە، تا ھازىرغىچە زاۋۇت نامى ۋە تەشكىلىي شەكلىنى ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىمۇ بار. شىركەتلەر يەنە چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان شىركەت ۋە چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان شىركەتكە بۆلۈنىدۇ. ھازىر چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان شىركەت يوق دېيەرلىك. چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ئومۇمەن يەنە شېرىكسىز شىركەت ۋە پاي شىركىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەملىكىتىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بولۇپمۇ ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى تايانچ كارخانىلارنى ھېچ بولمىغاندا ھازىرقى باسقۇچتا شېرىكسىز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شەكلى ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. نۇرغۇن جايلار بۇنداق قىلىۋاتىدۇ. پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشكە كەلسەك، مېنىڭ بىر قىسىم جايلاردىكى تەكشۈرۈشۈمگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇنلىغان يولداشلار، ئەڭ ئاۋۋال تونۇش جەھەتتە مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، دەپ قاراشماقتا: بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىسلاھات ئارقىلىق زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، پاي تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش تاللاشقا بولىدىغان بىر خىل شەكىل، ئەمما، ئۇ بىردىنبىر شەكىل ئەمەس، شەرت–شارائىتى يار بەرگەن كارخانىلاردا ئاكتىپلىق بىلەن سىناپ بېقىشقا بولىدۇ، بىراق، شەرت–شارائىتقا قارىماستىن بىراقلا قوللىنىشقا بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشتە، دۆلەت مۈلكىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇش ۋە بۇنىڭدىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ساقلىنىش كېرەك. دۆلەت مۈلكىنى ھەقسىزلا ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىشكە ياكى دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دۆلەت مۈلكىنى «كارخانا پېيى» ياكى «شەخسىي پاي» غا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ئاساس قىلىنغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلاردا دۆلەتنىڭ پاي چېكىنى كونترول قىلىش ئورنىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. بولمىسا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ (دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش ھەققەتەن زۆرۈر بولغان كارخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن دۆلەت كارخانىلىرىدىن ياخشى يولغا قويۇلغانلىرىمۇ، ياخشى يولغا قويۇلمىغانلىرىمۇ بار. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئاساسلىقى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ «شىركەت قانۇنى»دىكى تەلەپ بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزگەرتكەن ياكى ئۆزگەرتمىگەنلىكى ھەمدە بازار ئېچىش، مەھسۇلاتنى يېڭىلاش، تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تازا كۈچ سەرپ قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى، يېڭىدىن توپلانغان پاي دەسمايىسى مەبلىغىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىتىپ، كارخانىنىڭ

ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرەلىگەن ياكى يۇقىرى كۆتۈرەلمىگەنلىكىدە. مۇشۇنداق قىلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ئوبدان باشقۇرۇلۇپ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان بولدى. ئەكسىچە، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۆزگەرمىگەنلىكى، ئىش ئىزىغا چۈشمىگەنلىكى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەنلىكى، يىغىدىن توپلانغان پاي دەسمايىسى مەبلىغى ياخشى ئىشلىتىلمىگەنلىكى، ياكى مەھسۇلاتلارنىڭ يەنىلا بازىرى يوق بولغانلىقى، ياكى تۈتۈش قىلىنغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى توغرا، ياخشى تاللانماي قالغانلىقى، ۋەياكى «كۆپۈك ئىگىلىك»كە قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىنىپ، مەبلەغ زور مىقداردا بېسىلىپ قالغانلىقى ھەتتا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاي تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن پاي دەسمايىسىگە پايدا تەقسىم قىلىش بېسىمىغا دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كارخانىلار ياخشى يولغا قويۇلمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كارخانىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدىلا باش قاتۇرغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا ھەل قىلىنماقچى بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ بازار ئېچىش ئىقتىدارىنى، مەھسۇلاتنى يېڭىلاش ئىقتىدارىنى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتە.

**«چوڭلىرىنى تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك.** مەركەز ھازىر كۈچنى توپلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى ياخشى تۇتۇشنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى تېخىمۇ قويۇۋېتىش، تېخىمۇ جانلاندۇرۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار بۇ تەلەپنى ئىخچام سۆز بىلەن «چوڭلىرىنى تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش» فاڭجېنى دەپ يىغىنچاقلىدى. چوڭلىرىنى ياخشى تۇتۇش دېگەنلىك، ھەرگىز پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ئاستىدىكى كونا چارە-تەدبىرلەرنى تەكرارلاپ، مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى، مالىيە، ماددىي ئەشيا ۋە تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئىشلىرىنى تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خىزمىتىگە كونكرېت ئارىلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى، ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. مېنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويىدىغىنىم، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش پىكرى ئېقىمىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا پۇرسەت قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، بۇ فاڭجېننى ھەرگىز ئاددىيلاشتۇرۇپ «كىچىك كارخانىلارنى سېتىۋېتىش، چوڭ كارخانىلارنى پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىش» دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇرغۇنلىغان كىچىك كارخانىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك، سۈپىتى خىل، بەزىلىرىنىڭ تېخنىكا جەھەتتە ئالاھىدە ھۈنىرى بار، بەزىلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ئەمەس، بەزىلىرى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مەھسۇلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە كەمنى تولدۇرۇش جەھەتلەردە ياخشى رول ئويناۋاتىدۇ، بەزىلىرى خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە خىزمەت قىلىش جەھەتتە چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ. بۇلارنى تەھلىل قىلمايلا بىراقلا ئىنكار قىلىشقا

بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىر قىسىم كىچىك كارخانىلار رىقابەت داۋامىدا كىچىكلىكتىن چوڭىيىشى مۇمكىن، بىرلىشىش، قوشۇۋېلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىمۇ مۇمكىن. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش دېگەنلىك ھەرگىز قويۇۋېتىش بىلەنلا بولدى قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، سېتىۋېتىپلا بولدى قىلىش دەپ چۈشىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇ خىل شامالنى چىقىرىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. لى پېڭ زۇڭلى 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: ”دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇشتا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ۋە سېتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بىر قىسىم جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا دۆلەت ئىگىلىكى ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىك يەنى ئوخشىمىغان شەكىللەردىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە تەۋە بولغان، خۇسۇسىي كارخانىلارغا ياكى شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلگەنلىرى ئاز ساندا.“ مېنىڭچە بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇنىڭغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك.

**مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش پرىنسىپىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك.** مەملىكىتىمىز شارائىتىدا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىۋېتىش مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. ئۇ ھەرگىز مەمۇرىيەت كارخانىلارنى باشقۇرمىسۇن، كارخانىلار مەمۇرىيەتكە بويي سۇنمىسۇن دېگەن مەنە بەرمەستىن، بەلكى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بولسۇن، ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلسۇن، مەسئۇلىيەت بىلەن ھوقۇق ئېنىق بولسۇن دېگەن مەنە بېرىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا-زىيانىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپى ھۆكۈمەتتە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى بۇنىڭ ئاچقۇچى، ھۆكۈمەت كارخانىلارنى ھەرگىز ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى، باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ۋە ياخشى باشقۇرالمايدىغان ئىشلارنى ھەرگىز باشقۇرماسلىقى، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشىغا ھەرگىز كونكرېت ئارىلىشىۋالماسلىقى، «كارخانا قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى ئۆز ئەينى بويىچە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپى بويىچە يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ زادى قايسى ئىشلارنى ياخشى ئىشلىشى كېرەكلىكى ۋە قايسى ئىشلارنى ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئومۇمەن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى باشقۇرۇش، مۇھىمى

كارخانا رەھبەرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا ئائىت مۇنتىزىم ئىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ھەم رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، ھەم چەكلەش مېخانىزمى بولۇشى لازىم؛ ئىككىنچى، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىستىھكاملىق رولىنى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، بۇ مەملىكىتىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، بۇنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلىتىشقا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات فاكتېنى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىياستى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم چارە-تەدبىرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنىڭ پەيدىنپەي ئىشقا ئېشىشىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردا پەقەت بازارنىڭ كارخانا ھەرىكىتىنى تەڭشىشىگىلا تايىنىلسا ياخشى قىلغىلى بولمايدۇ؛ تۆتىنچى، ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئىرىشىپ تەشكىللەپ ۋە كۈچەيتىپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، كارخانىلارنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىش كېرەك؛ بەشىنچى، بارلىق ئامىللار بىلەن كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشىغا، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى توختاۋسىز ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىيات كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشقا ئىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئالتىنچى، كارخانىلارنىڭ سېلىقنى ھەققىي تۈردە يەڭگىللىتىش، كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتىدىغان ئىشنى قىلماسلىق، بارلىق ئورگان ۋە ئورۇنلارنىڭ كارخانىلارغا قانۇنسىز ھالدا سېلىق سېلىشنى ۋە قالايمىقان ھەق ئېلىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك؛ يەتتىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، قوللىنىشقا بولىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كارخانىلارنىڭ سېلىقنى پەيدىنپەي يەڭگىللىتىپ، كارخانىلارنى كەينىگە تارتىشىدىغان غەم-ئەندىشىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك؛ سەككىزىنچى، كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش پرىنسىپىنى ھەققىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش-ئىزچىللاشتۇرالماسلىقتىكى ئاچقۇچ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى دەل ۋاقتىدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىي ھەل قىلىش زۆرۈر بولۇۋاتقان بۇ زور مەسىلە تېخى ئالدىمىزدا تۇرماقتا.

**دۆلەت كارخانىلىرىغا ئىرىشىپ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك.** ئاز بولمىغان جايلار ۋە كارخانىلاردىكى يولداشلار نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك ئىنكاس قىلدى. بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئىگىلىكىگە تەۋە بولمىغان كارخانىلار تۈرلۈك ناتوغرا ھەتتا قانۇنسىز رىقابەت ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، يالغان، ناچار تاۋارلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىدىغان

ۋە ساتىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، بازار تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كارخانىلىرى بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى غايەت زور بېسىمغا دۇچار بولدى، زور زىيان تارتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەملىكىتىمىزدە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، مالىيە گۇرۇھلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ مونوپول كاپىتالى مەملىكىتىمىزگە كىردى، ئۇلار كۆپ چاغلاردا مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تايانچ كارخانىلىرىنى ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ رىقابەتتىكى ئاساسىي نىشانى قىلىۋالدى. ئۇلار كۈچلۈك ئەمەلىي كۈچىگە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە تايىنىپ، "ئاۋۋال بازارنى ئىگىلەش، ئاندىن كېيىن ئەڭ چوڭ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش" ستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ ھەمدە ئەرزان باھادا سېتىش، باشتا ھەدىيە قىلىپ كېيىن سېتىش، كۈچلۈك ئېلان تەشۋىقاتى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رىقابەت جەھەتتە ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. بىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم تايانچ كارخانىلىرىمىز ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى رىقابەتتە يېڭىلىپ قېلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىدى ياكى چەت ئەل سودىگەرلىرىگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى؛ بەزىلىرى چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى پايىنى كونترول قىلىدىغان، چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىغا ئايلىنىپ قالدى؛ بەزىلىرى مۈشكۈل ئەھۋالدا بەرداشلىق بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بازار ئىگەللەش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتمەكتە. دۆلەت كارخانىلىرى بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار يۈزلىنىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت بۇ كارخانىلارنىڭ رىقابەت جەريانىدا ماسلىشىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە، شۇنداقلا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، بۇ خىل تۈپ خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئاكتىپ ئامىلنى چوقۇم تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن قىسىلىۋاتقان قىيىن ئەھۋالى ۋە تەڭسىز رىقابەت شارائىتىنىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، جايلار ۋە كارخانىلاردىكى نۇرغۇن يولداشلار دۆلەتنىڭ زۆرۈر بولغان ئۈنۈمۈرسال خاراكتېردىكى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بىرىنچىدىن، بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەپ، يالغان، ناچار تاۋارلارغا زەربە بېرىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ باراۋەر رىقابەتتى ئۈچۈن بازار مۇھىتى يارىتىپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، خەلقئارا ئىقتىسادتا ئورتاق قوللىنىلىدىغان قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ، ئورۇنلۇق، مۇۋاپىق ھالدا دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى قوغداپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئاممىۋى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ۋە مېخانىك ئۈسكۈنىلەر (ئىش ئىقتىدارى جەھەتتە چەت ئەل مەھسۇلاتلىرىدىن قېلىشمايدىغان) نىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى قاتتىق چەكلەش؛ ئۈچىنچىدىن، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا قارىتا تېزلىكتە "گىراژدانلار مۇئامىلىسى" قىلىش، بىر قىسىم نۇقتىلىق كەسپلەردە چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تايانچ كارخانىلارنى سېتىۋېلىش، قوشۇۋېلىش ئارقىلىق

پىپىنى كونترول قىلىۋېلىشنى قاتتىق چەكلەش؛ تۆتىنچىدىن، ھەرقايسى كەسپلەردىكى باشلامچى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ئۇلارنى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ زورىيىپ، خەلقئارالىق رىقابەتكە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ بەشىنچىدىن، دۆلەت ماللىرى ئىچىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىستېمالنى توغرا يولغا باشلاپ، دۆلەت مېلىنى ئىشلىتىش شەرەپ دەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش.

**ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** مەركەز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئوچۇق نىشان كۆرسىتىپ بەردى، بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق، ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەمەلىيەتتىن ئۈتكۈزۈشتە. ئەمەلىيەتتىن ھەقىقىي بىلىم كېلىپ چىقىدۇ. پەقەت ئىشخانىدا ۋە كىتاب يۈزىدىلا ئىسلاھاتنىڭ ئەندىزىسى، لايىھىسى ۋە يولى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاقمايدۇ. مەركەز ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ھەقىقىي تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئىسلاھات سىنىقى ئېلىپ بېرىۋاتقان كارخانىلارنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئومۇمىي دائىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى يۈزلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ياخشى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقىپ، ئاكتىپلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە يىلمۇيىل ئىجابىي ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەتجان ھوشۇر
قەيسەر قۇربان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.80 元 邮政编码 100013

9 771006 585006 08